شىنجاڭ گېزىتى

شينجياڭ گازەتى
新疆日报

2020- يىل 3- ئاي
12
پەيشەنبە
维吾尔文 3 月12日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65–0002/–W :مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24998- سان بۈگۈن 4 بەت

# ئاپتونوم رايونىمىز قالپىقى تاشلىۋېتىلمىگەن ئون نامرات ناھىيەگە قارىتا ۋۇشۇسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلدى

مۇخبىرىمىز **لىيۇ شياڭنىڭ** ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش ئىشخانىسىدىن ئىگىلىشىچە، بۇ يىل، ئاپتونوم رايونىمىز قالپىقى تاشلىۋېتىلمىگەن ئون نامرات ناھىيە، نامراتلىقتىن چېكىندۈرۈلمىگەن 559 نامرات كەنتكە قارىتا ۋۇشۇسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلغان. 3- ئاينىڭ 8- كۈنىدىن باشلاپ، ئالدىنقى باسقۇچلۇق جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇش ئاساسىدا، ئاپتونوم رايوندىكى ۋۇشۇسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىشقا مەسئۇل ئۆلكە دەرىجىلىك رەھبەرلەر باشلامچى بولۇپ، ھەرقايسى ۋۇشۇسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىنىدىغان ناھىيەلەرگە چوڭقۇر چۆكۈپ، ناھىيەلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى قانات يايدۇردى.

ۋۇشۇسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىشتا «مەركەز بىرتۇتاش پىلانلاش، ئاپتونوم رايون باش مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش، ۋىلايەت، ناھىيەلەر ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش، يېزا - كەنتلەر جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش»تىن ئىبارەت تۈزۈلمە مېخانىزمنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەسئۇلىيەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ،

(ئاخىرى 2- بەتتە)

چېن چۈەنگو كېرىيە ناھىيەسىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە ۋۇشۇسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى قانات يايدۇرغاندا مۇنداق تەكىتلىدى

# نىشان - ئۆلچەمنى چىڭ كۆزلەپ، ۋۇشۇسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، ھەيدەكچىلىك قىلىش ئارقىلىق جەڭنى ئىلگىرى سۈرۈپ، قەتئىي ھالدا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئومۇميۈزلۈك غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك

3- ئاينىڭ 10- كۈنىدىن 11- كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو ئۆزى مەسئۇل بولغان ئېغىر نامرات ناھىيە كېرىيە ناھىيەسىگە بېرىپ، كەنتلەرگە، ئائىلىلەرگە كىرىپ، قىيىنچىلىقى بارلارنى زىيارەت قىلىپ ئەھتىياجىنى سوراپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە ۋۇشۇسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى نەق مەيداندا قانات يايدۇردى. سۈرەتتە: چېن چۈەنگو لەڭگەر يېزىسىنىڭ ئۈجمىلىك كەنتىدە ئېتىزدا ئەمگەك قىلىۋاتقان كەنت ئاھالىلىرى بىلەن سەممىي پاراڭلىشىپ، كۆڭۈل بۆلگەن ھالدا يېزا ئىگىلىكى ئەشيالىرى كاپالىتى، ئېتىز پەرۋىشى، مەھسۇلات پايدىسى قاتارلىق ئەھۋاللارنى سورىماقتا.

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز سۈي جىجيەن فوتوسى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ياۋ تۇڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 3- ئاينىڭ 10- كۈنىدىن 11- كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو ئۆزى مەسئۇل بولغان ئېغىر نامرات ناھىيە كېرىيە ناھىيەسىگە بېرىپ، كەنتلەرگە، ئائىلىلەرگە كىرىپ، قىيىنچىلىقى بارلارنى زىيارەت قىلىپ ئەھتىياجىنى سوراپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە ۋۇشۇسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى نەق مەيداندا قانات يايدۇردى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دىققەتنى «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»كە مەركەزلەشتۈرۈپ، تېخىمۇ زور ئىرادە، تېخىمۇ كۈچلۈك سالماق بىلەن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى ئالغا سىلجىتىپ، قەتئىي تۈردە يۇقۇم كەلتۈرۈپ چىقارغان زىياننى تولۇقلاپ، يۇقۇم دەخلى يەتكۈزگەن ۋاقىتنى قايتۇرۇۋېلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئومۇميۈزلۈك غەلىبىسىنى قەتئىي قولغا كەلتۈرۈپ، پۈتۈن يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى نىشان - ۋەزىپىلىرىنى تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش كېرەك.

ھازىر دەل ئەتىيازلىق تېرىلغۇ مەزگىلى بولۇپ، لەڭگەر يېزىسىنىڭ ئۈجمىلىك كەنتىدىكى ئېتىز - ئېرىق باشلىرىدا ئالدىراش مەنزىرە بارلىققا كەلگەنىدى. چېن چۈەنگو ئېتىز قىرلىرىدا مېڭىپ، ئېتىزلىقلارغا بېرىپ، ئۈزۈم تېلىنىڭ توپىسىنى بوشىتىپ ئوغۇتلاۋاتقان، باراڭلارنى چىڭىتىۋاتقان كەنت ئاھالىلىرى بىلەن سەممىي پاراڭلىشىپ، كۆڭۈل بۆلگەن ھالدا يېزا ئىگىلىكى ئەشيالىرى كاپالىتى، ئېتىز پەرۋىشى، مەھسۇلات پايدىسى قاتارلىق ئەھۋاللارنى سورىدى. ئۇ كەنت ئاھالىلىرىنى ئەتىيازلىق تېرىلغۇ مەزگىلىنى ياخشى ئىگىلەپ، دېھقانچىلىق مەزگىلىگە دەخلى يەتكۈزمەي، جاپالىق ئەمگەك ئارقىلىق كىرىمنى سىجىل ئاشۇرۇپ بېيىپ، كۈنلىرىنى بارغانسېرى ياخشى ئۆتكۈزۈشكە ئىلھاملاندۇردى.

چېن چۈەنگو لەڭگەر يېزىسىنىڭ لەڭگەر ساي كەنتىدىكى نامرات ئائىلە مەتسەيدى ئابلا ۋە ھاشخان ئابدۇلنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئاشخانىسىغا كىرىپ گۈرۈچ، ئۇن، ئاشلىق، ياغلىرىنى كۆردى، كىيىم ئىشكاپىنى ئېچىپ تۆت پەسىللىك كىيىم - كېچەكلىرىنى كۆردى، پەرزەنتلىرىنىڭ ئوقۇش خىراجىتىنى سورىدى، داۋالىنىش ئاساسىي كاپالىتىنى سۈرۈشتۈردى، تۇرالغۇ بىخەتەرلىكىنىڭ ئۆلچەمگە يېتىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. دېھقانلارنىڭ ھويلىسىدا، كەنت ئاھالىلىرى ۋە كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ 1- شۇجىسى، ۋىلايەت، ناھىيە، يېزا مەسئۇللىرى بىلەن چۆرىدىشىپ يېقىن ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش قىيىنچىلىقى ۋە ھازىرقى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى چەكلەپ قويۇۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى تەپسىلىي سورىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش يولىدا، بىرمۇ نامرات ئاممىنى چۈشۈرۈپ قويۇشقا قەتئىي بولمايدۇ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيەلىك كادىرلار ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ، بۇرچىغا يۈزلىنىپ، جەڭنى جەڭگە ئۇلاپ قىلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئومۇميۈزلۈك غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

(ئاخىرى 2- بەتتە)

# نىشان - ۋەزىپىلەرنى چىڭ كۆزلەپ، دىققەتنى ئېغىر نامراتلىقتا مەركەزلەشتۈرەيلى

## —— ئاپتونوم رايونلۇق 9- نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 9- ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

☐ **گېزىتىمىز ئوبزورچىسى**

ئاپتونوم رايونلۇق 9- نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 9- ئومۇمىي يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش ئومۇمىي تەلىپىدە مۇنداق كۆرسىتىلدى: نىشانىنى چىڭ كۆزلەپ، ئۆلچەمدە چىڭ تۇرۇپ، ئەسكىرىي كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئېغىر نامراتلىقنى يوقىتىش جېڭىنى ياخشى قىلىش كېرەك. بۇ تەلەپ بىزنىڭ ئاساسىي ھۇجۇم يۆنىلىشىمىز ۋە ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش مۇھىم نۇقتىمىزنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەردى، جەزمەن چىشىمىزنى چىڭ چىشلەپ، «ئوت كۈچى»نى مەركەزلەشتۈرۈشىمىز كېرەك.

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاست پۈتۈن مەملىكەتتىكى «ئۈچ رايون، ئۈچ ئوبلاست»تىكى ئېغىر نامرات رايونلارنىڭ بىرى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا يەنە ئون ناھىيە نامراتلىق قالپىقىنى تاشلىمىغان، 559 نامرات كەنت نامراتلىقتىن چېكىنىپ چىقمىغان بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى نامراتلىق قالپىقىنى تاشلىمىغان 52 ناھىيە، نامراتلىقتىن چېكىنىپ چىقمىغان 2707 كەنتنىڭ تەخمىنەن بەشتىن بىرىنى ئىگىلەيدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ھۇجۇم قىلىش ئەڭ قىيىن بولغان «قورغان» بولۇپ، قىيىن ئۆتكەلنىڭ قىيىنى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، قايتا نامراتلىشىپ كېتىش ۋە نامراتلىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش بېسىمى بىرقەدەر زور، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى تەسىر كۆرسەتتى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىدە يەنە ئاجىز ھالقىلار بار. بۇ دەل شىنجاڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتى دۇچ كەلگەن ۋەزىيەت،

(ئاخىرى 2- بەتتە)

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ خۇبېينى تەكشۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كادىرلار، ئاممىنى زور ئىلھاملاندۇردى ——

# قىلچە بوشاشماي تۈرلۈك خىزمەتلەرنى چىڭ تۇتىمىز، پۇختا تۇتىمىز، ئىنچىكە تۇتىمىز

☐ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز**

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ خۇبېي ۋۇخەنگە بېرىپ، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى تەكشۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كادىرلار، ئاممىنى زور ئىلھاملاندۇردى. كۆپچىلىك بەس - بەستە مۇنداق بىلدۈردى: ئىشەنچنى چىڭىتىپ، روھنى ئۇرغۇتۇپ، قىلچە بوشاشماي تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمەتلىرىنى چىڭ تۇتىمىز، پۇختا تۇتىمىز، ئىنچىكە تۇتىمىز؛ نىشان - ۋەزىپىلەرنى چىڭ كۆزلەپ، دىققەتنى ئېغىر نامراتلىقتا مەركەزلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئومۇميۈزلۈك غەلىبىسىنى قەتئىي قولغا كەلتۈرىمىز.

**بىرلا غەيرەتكە كېلىپ، ئاخىرغىچە چىڭ تۇرىمىز**

«باش شۇجىنىڭ كۆپچىلىكنىڭ خىزمىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشىدىن مەن زور ئىلھام ئالدىم، ئىنتايىن ھاياجانلاندىم، شۇنىڭ بىلەن بىللە، زىممەمدىكى مەسئۇلىيەتنىڭ مۇھىم، زورلۇقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم.» شىنجاڭنىڭ خۇبېيغا ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتىنىڭ باش يېتەكچىسى ساۋ يۈجىڭ مۇنداق دېدى: شىنجاڭنىڭ خۇبېيغا ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتىدىكى بارلىق ئەزالار قۇربان بېرىشتىن قورقمايدىغان، مەسئۇلىيەتنى باتۇرلۇق بىلەن زىممىسىگە ئالىدىغان، ئۆزىنى بېغىشلايدىغان كۈرەش قىلىش روھىدا داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، قۇتقۇزۇش - داۋالاش خىزمىتىنى تىرىشىپ قانات يايدۇرۇپ، خۇبېينى قوغداش جېڭى، ۋۇخەننى قوغداش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىدۇ.

«باش شۇجى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش بىلەن بىللە، باشقا ئاغرىقلارنىڭ كۈندىلىك داۋالىنىش ئېھتىياجىغا تەڭ ئېتىبار بېرىپ، نورمال داۋالاش تەرتىپىنى تەدرىجىي ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى.» ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ مۇئاۋىن دوختۇرخانا باشلىقى لۇ چېن مۇنداق دېدى: «ھازىر دەل ئومۇميۈزلۈك ئىشنى ئىشلەپچىقىرىشنى، كېسەل كۆرۈشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ ئاچقۇچلۇق مەزگىلى، دوختۇرخانا باش شۇجىنىڭ تەلىپى بويىچە، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ياخشى قىلىش ئاساسىدا، مۇۋاپىق داۋالاش مۇلازىمەت تەرتىپىنى قوغداپ، ئاممىنىڭ ئاساسىي داۋالىنىش ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ».

(ئاخىرى 2- بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابى ئۇقتۇرۇش چىقاردى

# شىنجاڭدا نورمال ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپى ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ

**ئۆز خەۋىرىمىز** يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى، مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نەتىجىلەرنى مۇستەھكەملەپ، تەدبىرلەرنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، پۈتۈن شىنجاڭدا نورمال ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىنى ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈش، پۈتۈن يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ نىشان - ۋەزىپىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنداشتا چىڭ تۇرۇشتا تەۋرەنمەسلىك، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قىلىشتا تەۋرەنمەسلىك، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى ساقلاشتا تەۋرەنمەسلىكنى تەلەپ قىلدى.

(ئاخىرى 2- بەتتە)

ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق سانائەت تۈرلىرىنى ماسلاشتۇرۇش - ئالغا سىلجىتىش يىغىنى ئېچىلدى

# تۈر ئېڭىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ جيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 3- ئاينىڭ 10- كۈنى، ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق سانائەت تۈرلىرىنى ماسلاشتۇرۇش - ئالغا سىلجىتىش يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھى چوڭقۇر ئۆگىنىلدى، ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ نورمال ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىنى ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرما، تەلىپى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، 2020- يىللىق ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق سانائەت تۈر قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى،

(ئاخىرى 3- بەتتە)

# ئاپتونوم رايونىمىز تەدبىر چىقىرىپ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بىرىنچى سېپىدىكى تىببىي خادىملارنى مۇكاپاتلايدۇ

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لى چۈنشيانىڭ** ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، يېقىندا، ئاپتونوم رايونىمىز تەدبىر چىقىرىپ، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بىرىنچى سېپىدىكى تىببىي خادىملارنى ۋاقتىدا مۇكاپاتلايدىكەن. مۇكاپات تۈرى تەقدىرلەش، تۆھپە يېزىش، چوڭ تۆھپە يېزىش، نام بېرىش قاتارلىق تۆت تۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن.

(ئاخىرى 4- بەتتە)

### بازارلاردا تىجارەت ئەسلىگە كەلدى

3- ئاينىڭ 11- كۈنى، ئۈرۈمچى شەھەر ئاھالىلىرى شىنلىيەن يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى ئۇنىۋېرسال بازىرى گۈل - گىياھ رايونىدا گۈل - گىياھ تاللىماقتا. نۆۋەتتە، ئۈرۈمچىدىكى ھەرقايسى چوڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازارلىرىنىڭ تىجارىتى ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلدى.

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ۋاڭ جېن فوتوسى

ئاراتاش سۇچىلىق تۈگۈنى قۇرۇلۇشىدا ئىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى

# جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مۇھىم، زور تۈر قۇرۇلۇشلىرى تېز ئالغا سىلجىتىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **شى شىن** خەۋەر قىلىدۇ: ئاراتاش سۇچىلىق تۈگۈنى قۇرۇلۇشىدا ئىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ئۈرۈمچى - لوپنۇر يۇقىرى سۈرئەتلىك يولى تيانشان غالىبىيەت تونېلىدا ئىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ئۈلۈغچات ناھىيەسىنىڭ چېگرا بويىدىكى كەنت، مەھەللىلەرنىڭ ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشىدا ئىستولبا تىكلىنىپ سىم تارتىش باشلاندى… 3- ئايدىن بۇيان، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مۇھىم، زور تۈر قۇرۇلۇشلىرى تېز ئالغا سىلجىتىلدى.

ئاراتاش سۇچىلىق تۈگۈنى قۇرۇلۇشى ئاپتونوم رايونىمىزدا قۇرۇلۇۋاتقان ئەڭ چوڭ سۇچىلىق تۈگۈنى قۇرۇلۇشى، دۆلەتنىڭ 172 تۈرلۈك مۇھىم، زور سۇ تېجەش، سۇ بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشىنىڭ بىرى، بۇلتۇر 11- ئاينىڭ 19- كۈنى چۆشۈرگىنى چۈشۈرۈپ سۇ ساقلاش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، بۇ يىل 6- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن 10- ئاينىڭ 31- كۈنىگىچە يەكەن دەرياسىنىڭ 673 مىليون كۇب مېتىر كەلكۈن سۈيىنى توسۇپ ساقلاش پىلانلاندى. ئاراتاشتا ئېقىن باشلاش ئۆتكۈزۈشنى توسۇش بۇ يىللىق قۇرۇلۇشتىكى مۇھىم ۋەزىپىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، يەكەن دەرياسى ئېقىن رايونىدىكى 4 مىليون نوپۇس، 6 مىليون 500 مىڭ مو سۇغىرىش رايونىنىڭ كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، كەلكۈندىن ئۆتۈش خىزمىتىگە مۇناسىۋەتلىك.

(ئاخىرى 4- بەتتە)